# ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى

## ـــ مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

**□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش ـــ دۆلەتنىڭ تۈپ تەدبىرى. جۇڭگونى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا، يېزا ئىگىلىكىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش شەرت؛ جۇڭگونى گۈزەللەشتۈرۈشتە، يېزىلارنى گۈزەللەشتۈرۈش شەرت؛ جۇڭگونى بېيىتىشتا، دېھقانلارنى بېيىتىش شەرت.

دۆلىتىمىز پات ئارىدا «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىگە كىرىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنىڭ مۇھىم تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىنى باشلايدۇ، ئەمدىلا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتكە: «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى يېڭى مۇساپىدە يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنى بىردەممۇ بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، جەزمەن چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش كېرەك، دەپ ئېنىق سىگنال بەردى. باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر، بارلىققا كەلگەن تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئومۇميۈزلۈك يەكۈنلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش پۈتۈن ۋەزىيىتىدىن چىقىش قىلىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، يېتەكچى ئىدىيەسى، ئومۇمىي تەلىپىنى چوڭقۇر ئىزاھلاپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى بىر قاتار مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىگە ئىلمىي جاۋاب بەردى. بۇ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى دەۋردە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەن ـ يەتمىگەنلىكتە مۇھىمى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا قاراش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشىدا، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش سۈپىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىدە چوڭ جەھەتتىن «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىگە قاراش كېرەك. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشتا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسيالىزم تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىجادىي خاراكتېرگە، ئۆزگىچىلىككە ئىگە نۇرغۇن مۇھىم، زور تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى مىسلىسىز، سالمىقى ئەڭ زور، نەپ يەتكۈزىدىغان نوپۇس ئەڭ كۆپ بولغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى تەشكىللەپ ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. سەككىز يىل سىجىل كۆرەش قىلىش ئارقىلىق، بىز يېڭى دەۋردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملاپ، پۈتۈن دۇنيا يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان مۇھىم، زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدۇق. ھازىر، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدە ئالغا قاراپ يېڭى چوڭ بىر قەدەم تاشلاندى. ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا قاراپ ئاتلىنىدىغان تارىخىي ئۆتكەلدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسى تاماملانغان ۋەزىيەتتە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى دۇنيادا داۋالغۇش، ئۆزگىرىشنى كەسكىنلەشتۈرۈۋاتقان ئالاھىدە پەيتتە يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور، تەسىرى چوڭقۇر، ئۇزاق، پۈتۈن پارتىيە جەزمەن بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇشى كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «ئومۇميۈزلۈك سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئەڭ مۈشكۈل، ئەڭ ئېغىر ۋەزىپە يەنىلا يېزىلاردا، ئەڭ كەڭ، ئەڭ چوڭقۇر ئاساس يەنىلا يېزىلاردا». جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتە جەزمەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش كېرەك. تارىخ ۋە رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، يېزا ئىگىلىكى دۆلەتنىڭ ئاساسى، ئاساس مۇقىم بولغاندىلا دۆلەت تىنچ بولىدۇ. بىز يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسىگە چوڭ تارىخ قارىشى ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك، پەقەت «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى چوڭقۇر چۈشەنگەندىلا، ئاندىن پارتىيەمىز، دۆلىتىمىز، مىللىتىمىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز. جەزمەن شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، گەرچە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى يەنىلا مۇستەھكەم ئەمەس، شەھەر، يېزىلارنىڭ رايون تەرەققىياتى ۋە كىرىم تەقسىماتىدىكى پەرق بىر قەدەر چوڭ، شەھەر، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى يېتەرلىك بولماسلىق يەنىلا جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ئاساسىنى ياخشى ساقلاش ـــ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە تاقابىل تۇرۇش، يېڭى ۋەزىيەت ئېچىشتىكى «تۇراقلاشتۇرغۇچ». بىزگە ئوخشاش 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسقا ئىگە چوڭ دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ياخشىلىنىشقا يۈزلەنسە، پۈتۈن ۋەزىيەتنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش بىزنىڭ دۇنيا چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە تاقابىل تۇرۇشىمىزدىكى ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر، شۇنداقلا بىزنىڭ ئىچكى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ، تەرەققىيات تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىشىمىزدىكى ھەل قىلغۇچ قەدەم. ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىنى ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشكە قويغاندا، يېزىلاردا غايەت زور بوشلۇق بارلىققا كېلىپ، چوڭ نەتىجىلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، پۇرسەت ئېڭى، خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، كىرىزىس ئىچىدە پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشقا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىشى، دېھقانلارنىڭ باي ـ باياشات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى ياخشى باشلىشى، قەدەمنى ياخشى ئېلىشى كېرەك.

كېلەر يىلى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يولغا قويۇلىدىغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلىنىدىغان بىرىنچى يىل. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا بۇرچ شەرەپلىك، ۋەزىپە مۈشكۈل. بىز ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى (مۇزاكىرە نۇسخىسى)» ۋە «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات (مۇزاكىرە نۇسخىسى)» تەتقىق قىلىندى، مۇھاكىمە قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 5G ۋەكىللىكىدىكى يېڭىچە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، 5G تورى قاتارلىق يېڭىچە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى تەكىتلىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك مەمۇرىي نىزام چىقىرىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى 5G تور قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، 5G تور قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى قوللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، 5G كۆلىمىنى كېڭەيتىش، سودىغا ئىشلىتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، كەسىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «ئىسپاتلارنى ئازايتىپ، خەلققە قولايلىق يارىتىش» ھەرىكىتىنى سىجىل قانات يايدۇرۇش، «ئىجازەتنامە بىلەن كىنىشكىنى ئايرىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش، ھوقۇق بېرىش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈشتىكى نۇقتىلىق خىزمەت. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، « قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، كارخانىلار ۋە ئاممىغا بىۋاستە يۈزلەنگەن، ئىلتىماس بويىچە بېجىرىلىدىغان مەمۇرىي ئىشلارغا قارىتا، ئىسپات ئىشلىرى ۋە كارخانىلارغا چېتىلىدىغان تىجارەت ئىجازىتى ئىشلىرى بويىچە خەۋەرلەندۈرۈش ـ ۋەدە بېرىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ھۆكۈمەت مۇلازىمىتى ۋە باشقۇرۇش ئىدىيەسى، شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، كارخانىلار ۋە ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىش، ئىگىلىك تىكلىشىگە قولايلىق يارىتىپ، ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىدىغان ھالقىلىق بەش يىل. بىز پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسىنى تۈزۈش ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. مۇتەخەسسىسلەر، كارخانىچىلار، ھەر ساھە ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، تولۇق قوبۇل قىلىپ، يىرىك پىلان پروگراممىسى ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى تۈزىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۈمىدلىرى، ئارزۇسىغا تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇلارنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

بۇ يىل 11 ـ ئايدا، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئون نامرات ناھىيە نامراتلار قاتارىدىن چېكىنىپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى چېن لىپى مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى بويىچە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئىدىيەۋى تونۇش، نىشان ـ ۋەزىپە، خىزمەت تەدبىرى، سىياسەت جەھەتتىن قوللاش، خىزمەت مېخانىزمى جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە پۇختا قەدەم ئالىدۇ.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە، مەركەزنىڭ يېزا خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىشىنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ‹يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار› خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى.» شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى جياڭ پىڭئەن مۇنداق دېدى: «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ئاساسىنى ياخشى ساقلاشتا ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. يېزا ئىگىلىكى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۇل تېشى بولۇپ، «تۇراقلاشتۇرغۇچ»لۇق رولىغا ئىگە. ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىكىگە چېتىلىدىغان ئالىي مەكتەپ بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيەمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز.

«باش شۇجى مۇنداق تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك، بۇ، ‹يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار› خىزمىتىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك يۆتكىلىشى.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) ئىقتىساد ئىلمى ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ دوتسېنتى چۇ جيەنرۇڭ مۇنداق دېدى: بۇ، بىزدىن جەزمەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى چىڭ ساقلاپ، خىزمەتتە بوشلۇق قالدۇرماسلىقنى، سىياسەتتە بوشلۇق قالدۇرماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ياخشى ئىشلەپ، يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، يېزىلاردا خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، يېزىلارنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز يېتىلدۈرۈپ ۋە ئۇرغۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇميۈزلۈك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىغا، دېھقانلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىغا تەدرىجىي تۈرتكە بولىمىز.

«ئاشلىق بىخەتەرلىكىدىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يىلمۇيىل چىڭ تۇتۇش كېرەك.» مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىسىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتىنىڭ باش ئاگرونومى لى جىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىز ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك. ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش ۋە باش ۋەزىپە قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئاشلىق ئۈنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئاشلىقنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، قەتئىي تۈردە ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلىشىمىز كېرەك.

«بېيىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يول ياساش كېرەك.» پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا تاشيول قۇرۇلۇشى سالمىقى يىلمۇيىل زورايدى، قاتناش مۇساپىسى ئۈزلۈكسىز ئۇزاردى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا تاشيوللىرىدا قاتناش باشلانغان ئومۇمىي مۇساپە جەمئىي 133 مىڭ 100 كىلومېتىر(بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)غا يېتىپ، شارائىتى ھازىرلانغان ئىشتاتلىق كەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە قاتتىقلاشتۇرۇلغان يول تۇتاشتۇرۇلدى ۋە يولۇچىلار ئاپتوموبىلى قاتنىدى. ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى يېزا تاشيولى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى يې تاۋ مۇنداق دېدى: بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېزا تاشيولى قۇرۇلۇشى سالمىقىنى زورايتىپ، يېزىلارنىڭ ئاممىۋى ئۇل ئەسلىھەلىرىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى كەنت ـ بازار قۇرۇلۇشى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جاڭ شاۋئېي مۇنداق دېدى: بىز دېھقان ئۆيلىرى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم تۇتقا قىلىپ، دېھقان ئۆيلىرىنىڭ سۈپىتىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، دېھقان ئۆيلىرىنىڭ تۇرۇش شارائىتى ۋە ئەتراپ مۇھىتىنى ياخشىلايمىز؛ يېزا تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈزەش ۋە ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى سىجىل ياخشى ئىشلەپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىمىز.

جىمسار ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جۇ جىگاڭ مۇنداق دېدى: بىز مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىقتىسادنى كۈچەيتىش، چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش، ئوتلاقنى كېڭەيتىش» تەرەققىيات پىكىر يولى بويىچە، تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىق قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، پۈتۈن ناھىيەنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمىز. يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، «دېھقانلار باي، يېزىلار گۈزەل، يېزا ئىگىلىكى كۈچلۈك» بولۇش نىشانىغا قاراپ قەدەم تاشلايمىز.

«باش شۇجىنىڭ سۆزىدىكى ھەربىر جۈملە بىز دېھقانلارنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈردى، ھەممىسى تۇرمۇشىمىزغا چېتىلىدىغان چوڭ ئىشلار ئىكەن.» يەكەن ناھىيەسىنىڭ پەكچى يېزىسى كانايتوغراق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى شەھىدە ئېلى ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تۇرمۇش سەۋىيەمىز كۆرۈنەرلىك ئۆستى. يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، كەلگۈسىدە يېزىلار چوڭ سەھنىگە ئايلىنىپ، بىز دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ».

**(مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنپې، قاتناشقان مۇخبىرلار ليۇ يى، ليۇ شياڭ، جاۋ شيا، فەن خۇڭيى، لۇ فېڭباۋ، ۋاڭ يۈجاۋ، گې يوۋجۈن، خەن چىنيەن، ئىختىيارىي مۇخبىر رېن دۇڭشېڭ)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)